

# قىزىل قىيا

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لو گۇاڭبىن   ياڭ يىيەن

# قىزىل قىيا

2

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت پاسار
ئابدۇكېرىم خوجا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

红岩：维吾尔文/罗广斌，杨益言 著；阿合买提·帕萨尔，克里木·霍加 译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12

ISBN 978—7—228—12136—6

Ⅰ.红… Ⅱ.①罗…②杨…③阿…④克… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 197353 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| **责任校对** | 再米拉·裴达依 |
| **特约校对** | 阿依古丽·牙森 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷二厂 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 29.5 |
| **版　　次** | 1978 年 5 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 12 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 8001—11000 册 |
| **定　　价** | 70.00 元（上、下） |

بۇ كىتاب جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1963 - يىلى 7 - ئاي 2 - نەشرى ، 1977 - يىلى 12 - ئاي بېيجىڭ 24 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据中国青年出版社 1963 年 7 月第 2 版北京 1977 年 12 月第 24 次印刷本翻译出版。

# قىزىل قىيا

**ئاپتورى :** لو گۇاڭبىن ، ياڭ يىيەن
**تەرجىمە قىلغۇچىلار :** ئەخمەت پاسار ، ئابدۇكېرىم خوجا
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائىي
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ئايگۈل ياسىن
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 29.5
**نەشرى :** 1978 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 12 - ئاي 2 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 8001—11000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—12136—6
**باھاسى :** 70.00 يۈەن (ئىككى كىتاب )

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ...... 1
ئىككىنچى باب ...... 26
ئۈچىنچى باب ...... 48
تۆتىنچى باب ...... 96
بەشىنچى باب ...... 131
ئالتىنچى باب ...... 157
يەتتىنچى باب ...... 193
سەككىزىنچى باب ...... 221
توققۇزىنچى باب ...... 248
ئونىنچى باب ...... 278
ئون بىرىنچى باب ...... 315
ئون ئىككىنچى باب ...... 342
ئون ئۈچىنچى باب ...... 369
ئون تۆتىنچى باب ...... 401
ئون بەشىنچى باب ...... 426
ئون ئالتىنچى باب ...... 447
ئون يەتتىنچى باب ...... 481
ئون سەككىزىنچى باب ...... 523
ئون توققۇزىنچى باب ...... 568
يىگىرمىنچى باب ...... 602




此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 638
يىگىرمە ئىككىنچى باب........................................ 685
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 718
يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................................ 743
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................ 780
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................ 804
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................ 828
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................................ 857
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................ 885
ئوتتۇزىنچى باب ........................................ 912

# ئون ئالتىنچى باب

كۈنلەر قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى . كۈز كېتىپ قىش كەلدى ، پەسىلنىڭ بۇ زىمىستانىمۇ ئۆز ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرماقتا . پۈتۈن ئەل ۋەزىيىتىدىكى قاينام تاشقىنلىق ئۆزگىرىشلەر جازا لاگېرىدىكى كۈرەشتىمۇ ئۆزىنى روشەن كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئېگىلمەس ئىنسانلار قەلبىنى ئىشەنچكە توشقۇزۇپ ، چېلىشقانسېرى باھادىر بولۇپ چىڭىدى ؛ دۈشمەننىڭ ھالى بولسا خارابلىق ئۈستىگە خارابلاشتى .

قاق سەھەر ، قەلبى يېڭى باھار مېھرىگە تەلپۈنگەن لىۋ سىياڭ ئېچىقلىق كامېر ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ، يىراق - يىراقلارغا سىنچىلاپ كۆز تاشلايتتى . بىر توپ قۇشقاچ ۋىچىر - ۋىچىر قىلىشىپ تامنىڭ ئۈستى بىلەن سىم توسۇقلارنى ئارىلاپ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى ... بىنا قېشىدىكى ئارا يولدا ئېلېكتر سىملىرىنى ئورنىتىۋاتقان بىرقانچە ئىشچىيون لىۋ سىياڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىغىنى يوق .

ئۇ شامالداش مەيداندا تۇرغان ھەربىر كىشىنىڭ چاقنىغان كۆزلىرىگە ، نۇر تېمىپ تۇرغان يۈزلىرىگە تىكىلمەكتە ئىدى . مەيدانچاقتا يەڭگىل قەدەم بېسىپ يۈرۈشكەن كىشىلەر ، سۈن مىڭشيانىڭ بېشىدىكى قىپقىزىل لېنتا ، چېھرىدىكى خۇش تەبەسسۇم لىۋ سىياڭنى سۆيۈندۈرۈپ ، يۈرىكىنى ھاياجان بىلەن داۋالغۇتماقتا ئىدى .

— يەنە شېئىر توقۇۋېتىپسەن - دە ؟

لىۋ سىياڭنىڭ خىيال يىپلىرىنى بۇ ئاۋاز ئۈزۈپ قويدى .

— شامالداشقا چىقىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى ، — دەپ ۋارقىرىدى يۈي شىنجياڭ كامېردىن چىقىۋېتىپ ۋە لىۋ سىياڭنىڭ بىلىكىدىن تارتتى ، — يۈر ، لاۋ لىۋ !

ئېچىقلىق تۇرغان ھەربىر ئىشىك يېنىغا چېھرىگە نۇر قونغان ھەمراھلار تۆت ـ بەشتىن توپلىشىۋالغانىدى ، ئۇلارنىڭ قەلبى گويا مۇشۇ باھار ئەتىگىنىدەك غۇبارسىز ئىدى .
ئۇلار تەرەتخانىغا كىرىپلا ، ئۇستۇنكى قەۋەت بەشىنچى كامېردىكى كىشىلەرنىڭ شامالداش ۋاقتى ئاللىقاچان توشقانلىقىغا قارىماي تېخىچىلا تەرەتخانىدا گۇدۇڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، كۈلۈمسىرەپ :
— سىلەر تېخى قايتماپسىلەرغۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ئەپچىل يول تېپىلىپ قالدى !
ھەممە كۈلۈشتى . كامېرلارغا كۈندۈزى قۇلۇپ سېلىنمايدىغان بولغاچقا ، تەرەتخانىغا بارغانلار شامالداش ۋاقتىنى ئاشۇرۇۋېتىشمۇ مەيلى ئىدى . بۇ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق ئىدى . يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، ئىشپىيونلارنىڭ باشقۇرۇشى تېخىمۇ بوشاپ قالغاندەك ئىدى . ساختىپەز ئورانگۇتانمۇ كۆرگەنلا كىشىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ ، كامېرلارغا ئېلېكتر چىراغ كۆپەيتىپ بېرىشنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى ...
— سۆزلىشىۋېرىڭلار ، سىلەر ئۈچۈن مەن كۆزەت قىلىپ تۇراي ، — دەپلا تەرەتخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ كەتتى ليۇ سىياڭ .
— بىزنىڭ بەشىنچى كامېرغا تۈنۈگۈن يەنە بىر سەپداشنى قاماپ قويۇشتى ، ئۇ گۇيياڭدىن قولغا ئېلىنىپتۇ ، خۇش خەۋەر دېگەننى يەتكۈچە ئېلىپ كەپتۇ .
— نېمە خۇش خەۋەر ؟
— ئىككىنچى باشقارمىدا گېزىتلەرنى كۆرۈۋاپتۇ !
— نېمە خەۋەر بار ئىكەن گېزىتتە ؟
— كۆرگەنلىرىنىڭ بارىنى يېزىپ چىققانىكەن ، ھېلىلا تېخى ئۈستۈنكى قەۋەت ئالتىنچى كامېرغا يوللاپ بەردى ، — سۆزلەۋاتقان

كىشى ئاتايىن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەيتتى، — بىر دەمدىن كېيىن سىلەرمۇ كۆرۈپ قالارسىلەر.

شۇ چاغدا ئۆچەكەشكەندەك تالادىن لىۋ سىياڭنىڭ يۆتىلىشى ئاڭلىنىپ، بۇنىڭدىن گۇندىپاي ئىشپىيونلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان بولدى.

— ئاۋۋال ئازراق بولسىمۇ سۆزلەپ بەرگىنە! — دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتۈندى يۈي شىنجياڭ.

بەشىنچى كامېرلىق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئىتتىك جاۋاب قايتۇردى:

— ئازادلىق ئارمىيە چاڭجياڭدىن ئۆتىدىكەن!

تالادىن ئىشپىيوننىڭ ئاياغ تىۋىشى ئوچۇق ئاڭلاندى. سۆزلەۋاتقان كىشى چىرايىنى بىر سەت پۈرۈشتۈرۈپ، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە تالاغا ماڭدى. توپتوغرا خۇش خەۋەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ پېشكەللىك قىلغۇچە، يا بالدۇرراق كەلسە، يا كېيىنرەك، دەپ غەزىپى قاينىغان يۈي شىنجياڭ ھە دەپ ئەتراپنى تىمىسقىلاۋاتقان ئىتئېيىقنىڭ قارىسىغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ زەردىسى بىلەن تىللىدى: — «ياخشى ئىتنىڭ يولۇچىغا كاشىلىسى يوق، دەپتىكەن، سەن بولساڭ ئۆلۈكۈڭنى قاغىمۇ يېمەيدىغان ئىت!

ئىتئېيىق كەينىگە قاراپلا يۈي شىنجياڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاڭلىماسلىققا سېلىپ غىپپىلا تىكىۋەتتى. ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىدە «ۋەكىل» بولغان بۇ ئىشچىغا ئوڭايلىقچە تەڭ كېلىپ بولمايدىغانلىقى جازىدۇڭدىكى ئىشپىيونلارنىڭ ھەممىسىگە پۇر ئىدى.

غەلىبە، ھە، شۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان غەلىبە دىللارغا شادلىق بېغىشلاپ، كىشىنى تېخىمۇ تەقەززا قىلاتتى. يۈي شىنجياڭ لىۋ سىياڭنى تارتقىنىچە بىر تاقلاپلا دېگۈدەك كامېرنىڭ كەينىدىكى كۆلچەك بويىغا يېتىپ باردى ـ دە، مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈز يۇيۇۋالدى. بۇرۇنقى كىچىككىنە

ئـويـمـان ئەمدىلىكتە كېڭەيتىلىپ ، چۆرىسىگە تاشلار تىزىلىپ ، ئاددىيغىنا يۇز يۇيۇش كۆلچىكىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى . ئىچىشكە سۇ ئىزدەپ يۈرىدىغان كونىلەر ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ ، ئەمدىلىكتە ھەر كۇنى قايناق سۇ ئىچىلىدىغان ، تاماققىمۇ ئوت ـ ياش قېتىلىدىغان بولدى .

شامالداپ قايتقاندىن كېيىن يوي شىنجياڭنىڭ كۆچ ـ غەيرىتى باشقىچىلا بەرىكە تېپىپ كەتتى . ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ، ئۆزىدىن بـالدۇرراق قايتىپ كىرگەن ليۇ سىياڭنى كۆرگىنىدە ، ئۇنىڭغا ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن شادلىق تۇيغۇسى بىلەن باش لىڭشىتىپ ، ئـادەتـتىن تاشقىرى خۇش خەۋەردىن دېرەك بەردى . كامېردىكى ھەممە ئادەم دىڭ چاڭفانى چۆرىدىۋالدى .

— ئاستىراق ھوي ! — دىڭ چاڭفاننىڭ لەۋلىرى ئېچىلغاندا ، سـاپـسېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى ، تاماكا مۇشتىكى بولسا جاۋغىيىدا بىر قىسىملا قىمىرلايتتى ، — مەن سىلەرگە مۇھىم خەۋەردىن ئۇچنى ئېيتىپ بېرىمەن …

ئۇ ئۇستۇنكى قەۋەت ئالتىنچى كامېردىكىلەر سۇنۇپ بەرگەن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى قولىغا تۇتۇپ ، تالاغا كۆز يۇگۇرتتى ۋە :

— بىرىڭلار ئىشىكتە ئىشپىيونلارغا دىققەت قىلىپ تۇرۇڭلار ، — دېدى . كېيىن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك بىگىز قولىنى چىقىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بىرىنچى ، لياۋشېن جېڭى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى ، دۈشمەننىڭ تۆت يۇز يەتمىش مىڭ ئادىمى يوقىتىلدى ! چاڭچۇن ، شېنياڭ ، جىنجۇ ئىشغال قىلىنىپ ، پۈتۈن شەرقىي شىمال ئازاد قىلىندى ! ھەممە ئەھۋال تەپسىلىي يېزىلىپتۇ ، كېيىن ئۆزۈڭلار ئوقۇۋالارسىلەر …

— ياخشى جەڭ بوپتۇ ـ دە ! يارايدۇ ! — كىشىلەر ئارىسىدىن بىردىنلا تەنتەنە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى ، ھەممە دىللىرىدا قوزغالغان ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى .

— ئىـكـكـىـنـچى ، خۇەيخەي جېڭىدىن غەلىبە خەۋەرلىرى تـارقـىلىپ كەتتى . باندىت جياڭ جيېشىنىڭ بىڭتۇەن قوماندانى

خۇاڭ بوتاۋ ئېتىپ تاشلاندى ، بىڭتۇەن قوماندانى خۇاڭ ۋېي تىرىك قولغا چۈشتى ، سۇن يۈەنلياڭ بىڭتۇەنى يوقىتىلدى . خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېز ئارىدا چاڭجياڭنىڭ شىمالىي قانىتىغا بېرىپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىدۇ !

— ياشاپ كەتسۇن ! ياشاپ كەتسۇن !

يەنە بىرپەس تەنتەنە كۆتۈرۈلدى .

— ئۈچىنچى ، گومىنداڭ يەنىلا تىنچلىق سۆھبىتى دەپ كۆز بوياۋاتىدۇ ...

— كۆتۈرسۇن سۆھبىتىنى ، نەنجىڭگە كىرگەندىن كېيىن قاراپ باقىمىز !

— چامامدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھالى خاراب ، تېز ئارىدىلا ئەركىنلىككە چىقىدىغان ئوخشايمىز .

— سەن شاشىمىپ كېتىپ بارىسەن ، — دېدى دىڭ چاڭفا مۇشتىكىنى قىڭغىر چىشلىگەن پېتى ، — تىنچلىق سۆھبىتى ، تىنچلىق سۆھبىتى . بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار !

شۇ مىنۇتتا يۇقىرى - تۆۋەندىن ، ئۇدۇلدىكى ئاياللار كامېرىدىن ، قىسقىسى بارلىق كامېرلاردىن زوق - شوقتا توۋلىغان تەنتەنە ساداسى ئاڭلاندى . بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ئىشپىيونلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

— كۆپ بولسا سوقۇش يەنە بىر يىل داۋام قىلار ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپ ، جۇڭگو خەلقى پۈتۈنلەي ئازادلىققا چىقىدۇ ، — دېگەندىن كېيىن سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى يۈي شىنجياڭ ، — لاۋ دىڭ ، بەشىنچى كامېردىن كەلگەن خەۋەرنى لاۋ شۈيگىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويايلى ، — ئۇ يەككە - يېگانە شۈي يۈنفېڭنىڭ غەلىبىيەت خەۋەرلىرىدىن بىخەۋەر قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ، دىڭ چاڭفاغا تەقەززالىق بىلەن ئېيتتى .

— ئالدىرىما ، شۇ تاپتا ئورانگۇتان لاۋ شۈي بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

— ئورانگوٗتان يېنىمىزدىكى ئۆيدىمۇ ؟ نېمە قىلىۋېتىپتۇ ئۇ ؟
— كىم بىلىدۇ دەيسەن ؟ — دېدى كۆز قارىچۇقىنى ئوينىتىپ دىڭ چاڭفا ، — ھەرھالدا ياخشى ئىش قىلىۋاتمىسا كېرەك .
— بۇنداق ناۋاتتەك شېرىن خەۋەرنى تەبرىكلىمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولماس ، — دېدى ھاياجانلانغان ليۇ سىياڭ .
— دۇرۇس ! دۇرۇس ! — ھەممە بىر ئېغىزدىن ئاۋاز قوشتى .
— بۇ ياخشى تەكلىپ ! — دېدى چوڭ تاغا كۆپچىلىككە كۆلۈمسىرەش بىلەن قاراپ ، — بۈگۈن ئايغا يىگىرمە نەچچىنچى ؟
— 12 ـ ئايغا يىگىرمە توققۇز .
— يېڭى يىلنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلساق بولىدۇ .
چوڭ تاغىنىڭ سۆزلىرى دىللارنى غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن توشتۇردى . ئۇنداق بولسا بۇ يېڭى غالىب يىلنى قانداق تەبرىكلىمەك كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئويلىنىلىۋاتقاندا ، كامېر ئىشىكىنىڭ يېنىدىلا كىمنىڭدۇر يۆتىلىشى ئاڭلاندى ، ھەممە بىردەك كەينىگە بۇرۇلدى . شۇ مىنۇتتا سەككىزىنچى كامېردىن چىققان ئورانگوٗتان تېز ـ تېز قەدەم بىلەن ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، تەرىدىن خۇشامەتچىلىك كۆلكە ئالامىتى كۆرۈنەتتى . سەل ئۆتكەندە مەيدانچاق تەرەپتىن ئۇنىڭ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ۋارقىرىشى ئاڭلاندى :
— شۇك بولۇڭلار ، سىلەرگە ئۇقتۇرىدىغان مۇھىم ئىش بار .
— بۇ ئورانگوٗتان يەنە نېمە شۇملۇق قىلاي دېدىكىنە ؟
— نېمە دەيدىغانلىقىنى بىر ئاڭلاپ كۆرمەمدۇق .
— ھېلىلا شۇي باشقارما باشلىقىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم ، خەتتە يېزىلىشىچە ، ھۆكۈمەت مالىمانىنى باستۇرۇشنى توختىتىپ ، ئۇرۇش قىلماي سۈلھى قىلماقچىكەن ، بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار ئۆز تىلىكى بويىچە كۈتۈلىدىكەن . بۇ ئىشنى پېقىر ھازىرلا شۇي يۇنفېڭ ئەپەندىگە ئۇقتۇرۇپ قويدۇم . ئىلگىرىكى ئىشلىرىمىزدا

كەمچىلىك ئاز ئەمەس، بۇنىڭغا پېقىر بەك ئېچىنىمەن. كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، باشقارما باشلىقىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆۋەندىكىلەرنى جاكارلايمەن: بىرىنچى، يېڭى يىلدا ئادەم بېشىغا تۆت سەردىن گۆش، يېرىم قاپ تاماكا، ئىككى سەر هاراق ...

— كىمىڭنى خۇش قىلماقچى بۇنىڭ بىلەن؟ ۋاي ئەبلەخلەر، ئۇرۇشتا مات بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن خۇشامەتچىلىك قىلىدىغانسەن! — يۈي شىنجياڭنىڭ يېنىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ زەردە بىلەن تىللىشى ئاڭلاندى.

— ئىككىنچى ... — ئورانگۇتاننىڭ ئاۋازى يەنىمۇ سىپايىلەشتى، — يېڭى يىل كۈنلىرىدە كەچكىچە شامالداشقا بولىدۇ، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىنمايدۇ ... هەربىر كامېردا دەررۇ لامپۇچكا كۆپەيتىلىدۇ ...

ئورانگۇتان يەنە نېمىلەرنىدۇر كوتۇلدىدى. بىراق، ئۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا هېچكىمنىڭ رايى بارمىدى.

«بايا بۇ ئورانگۇتان لاۋ شۈينى مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتىشقا ئىزدىدىمىكىنە؟» ئويلاپ قالدى ليۇ سياڭ.

«ئۇ نېمىشقا بالدۇر لاۋ شۈيگە ئۇقتۇرىدۇ؟» يۈي شىنجياڭمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمىگەندەك ئىدى.

— مېنىڭ قارىشىمچە، ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئورانگۇتاننى قورقىتىۋەتكەندەك تۇرىدۇ، — ئارىدىن كىمدۇر بىرى ئۆز پەرىزىنى ئېيتتى، — ئىتتىپىقىمىز لاۋ ليۇ بىلەن شياۋ يۈينى كۆرگەندە خۇددى شۇنداق قورقۇپ تىترىدىغۇ!

— مەسىلە مۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك، مەنچە بولغاندا، يەنە بىرئاز قاراپ بېقىپ، ئاندىن بىر خۇلاسىگە كەلسەكمىكىن.

— مەن بىزگە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشتا قازانغان غەلىبىسىنىڭ پايدىسى تېگىۋاتىدۇ، دېمەكچىمەن.

هەممە قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى، چوڭ تاغا بولسا ئادىتى بويىچە مېڭىنىڭ تۈكىنى سىلاپ قويۇپ سۆزلىدى:

— بايا لاۋ دىڭ ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار ، دەپ جايىدا ئېيتتى — ... بۇ سۆز بىلەن زادى نېمىنى ئۇقتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى چوڭ تاغا ئېنىق ئۇلتۇرمىسىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى . ئۇ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرىسىدا پىلان قۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— دۈشمەننىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى ، — دېدى چوڭ تاغا گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ ، — يېڭى يىلغا ئاتاپ ھەممىمىز نورۇزنامە تەييارلىساق دېمەكچىمەن .

يېڭى يىلدا كامېرلارنىڭ ئىشىكىگە نورۇزنامە چاپلاشقا ھەممە ئەلۋەتتە رازى ئىدى ، بىراق مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈپ ، بۇ يەردە نورۇزنامە تەييارلاشنىڭ ئۆزى خېلىلا تەسلىكىنى ھەممە ھېس قىلىشتى . نورۇزنامىنىڭ بېيىتلىرى شۇنداق توقۇلۇشى كېرەك ئىدىكى ، ھەم گۈزەل ، ھەم ئۆتكۈر ، ھەم نەق جايىغا تەگكۈدەك ، ھەم كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالغۇدەك ، ھەم مۇۋاپىق يوشۇرۇن مەنىلىك بولۇشى ، يولداشلار كۆرگەن ھامان چۈشىنىدىغان ، ئىشپىيونلار ئېنىق ياكى پەقەت چۈشىنەلمەيدىغان بولۇشى لازىم ئىدى . پرىنسىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن ھەممە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى .

— ئاۋۋال لاۋ ليۇنىڭ بىر بېيىت توقۇشىنى تەكلىپ قىلماقچىمەن ، — كىمدۇر بىرى مەسلىھەت بېرىپ قالدى .

— تاغىمىز كۆپچىلىككە كۆرسەتكەن تېمىنى قانداق قىلىپ ئاۋۋال مەن ئورۇنداي ؟

— چۈنكى شائىردە سەن !

ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى . ليۇ سىياڭ قوشۇمىسىنى تۈرگەن بولسىمۇ ، شۇئان لايىق بىر سۆز تاپالمىدى .

— مانا مەن تارتىنىشنى ئۇقمايدىغان كىشى ، — دېدى يۈي شىنجياڭ ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ، — «تىنىق ئىككى تۈگلۈكتىن چىقىدۇ ، باش بىر سۈڭگۈچتىن !»

— بۇنىڭ نەرىمۇ بېيىت بولسۇن .
— ئوھوي ، مېنىڭچە بولىدۇ ، بۇ بېيىتتا ئاز ـ تولا ھەقىقەت بار ! — دېدى دىڭ چاڭفا باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ .
— توغرىسىغا چاپلايدىغىنى بولسىلا ، خېلى تۈزۈك ، — دەپ قوشۇلدى ليۇ سىياڭمۇ .
— بولدى ، توغرىسىغا چاپلىنىدىغىنى مەندىن ، — دىڭ چاڭفا ھېچ ھودۇقماستىنلا مۇشتىكىنى قولىغا ئېلىپ ، «بۇنىڭ ئىچى راھەت» دېگەن سۆزنىڭ خەتلىرىنى ھەرىكەت بىلەن ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى .
— ھا... ھا ... ھا ... — پۈتۈن كامېردا كۈلكە كۆتۈرۈلدى .
— جاپا ئىچىدە راھەت بار ، دېگەن شۇ ـ دە ! — دىڭ چاڭفا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتقان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ ئىزاھلىدى .
— بۇنىڭ ئىچى راھەت بولسا ، نېمىشقا سەن قاشانى بۇزۇپ ئون نەچچە قېتىملاپ قېچىپ يۈردۈڭ ؟ — كىمدۇر بىرى سوراق قويدى كۈلۈپ . دىڭ چاڭفا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بەزى سەرگۈزەشتىلىرىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى ، ئۇنىڭ نامىنى غەربىي سىچۈەن دېھقانلىرىدىن بىلمەيدىغان كىشى يوق ئىدى . ئۇ بۇ نۆۋەت دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى ۋاقتىدا جەڭگە قوماندانلىق قىلىشۋېتىپ ئېغىر يارىلانغانلىقى ئۈچۈن قولغا چۈشۈپ تۈرمىگە قامالغانىدى .
— قاچمىساق كاللا كېتەتتى ـ دە ! — پىخىلداپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى دىڭ چاڭفا .
— ئەمدى نېمىشقا قاچمايسەن ؟
— يېزا ، ناھىيە تۈرمىلىرى جازىدۇڭغا ئوخشامدىغان ، — دېدى دىڭ چاڭفا كۈلگىنىچە ، — ئىتتىرىپ قويسىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان تاملاردىن كىم قاچمايدۇ ؟ بۇ جازىدۇڭدىكىدەك ھەممە دېرىزىلەرنى تۆمۈر بىلەن قاپلىۋېتىدىغان ئىش نېمىش قىلسۇن ئۇ يەردە ؟

— ئازراق سېرىق تاماكىنى ياندۇرۇپ كىشەننىڭ ئۇستىگە قويسا ۋە بامبۇك نەيچىسى بىلەن بىردەم پۇۋلەپ بەرسە ، كىشەن كۆيۈپ ئۈزۈلىدۇ ، تۈن يېرىمىدا كىشەننى تاشلاپ قاچساڭ بولغىنى ، دەپ ئۆزۈڭ دەۋاتاتتىڭغۇ ؟ — كىمدۇر بىرى دىڭ چاڭفاغا ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى مىسال قىلىپ سوئال قويدى ، — كىشەنمۇ ، دېرىزىمۇ تۆمۈردىنغۇ ؟

— شۇنى دېگىنە ؟ — سۆزگە قېتىلدى ليۇ سياڭ ، — ئورانگۇتان ساڭا تاماكا بېرىدىغان بولدىغۇ ؟

— بۇ يەردىن قاچماقچى بولساق ، — دېدى دىڭ چاڭفا مۇشتىكىنى ئويىنىتىپ ، — ھەممىمىز تەڭلا بىر - ئىككى - ئۈچ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ... — ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشارەتنى ئىپادىلەپ ، مۇشتىكىنى ئاۋايلاپ چىشلىگىنىچە ئۇنلۇك كۇلۇپ سۆزلىدى ، — مانا مەن خۇمارىمدىنمۇ چىقىۋالدىم ، ئەمدى مۇشتىكىمنىڭمۇ خۇمارىنى چىقىرىدىغان ۋاقىت كەلدى !

— بىر يىلدىن بېرى قۇرۇق چىشلەپ يۈرگەن مۇشتىكىڭنىڭ دەردىنى ئەمدى بىر چىقىراي دەپسەن - دە ، — دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۇلۇشتى كۆپچىلىك .

— مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئاللىقاچانلا بىلگەنمەن .

قاتتىق كۇلۇشتىن كۆپچىلىكنىڭ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ ، دەم ئالالماي قېلىشتى ...

نورۇزنامە بەلگىلىنىۋېلىنغاندىن كېيىن ھەممە بىرپەس مەسلىھەتلىشىپ ، ھەرقايسى كامېردىكىلەرنى ئۆز ئارا يالداما ئۈچۈن سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش پىكرىگە كېلىشتى . چوڭ تاغىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈپ ، بۇ تەشەببۇسقا قوشۇلدى .

— مېنىڭچە بولغاندا ، — دېدى يۈي شىنجياڭ ، — لاۋ شۈي ، جياڭ ھەدىلەرگە ئوخشىغان ئەڭ قەيسەر يولداشلارغا ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلساق بولىدۇ .

— قانداق سوۋغا دېمەكچىسەن ؟ — كىشىلەر سورىدى .

يۈي شىنجياڭ چىش چوتكىسىنىڭ سېپىنى ئويۇپ ياساپ

چىققان كىچىككىنە بەش يۇلتۇزنى ئالىقىنىغا ئېلىپ چوڭ تاغىغا سۇندى. بۇ ئۇنىڭ ئىشچىلىقتا خاس ماھىر قوللىرىدا ياسالغانىدى.

— قىزىل يۇلتۇزدىن بولسا، سىزچە قانداق؟

— شىياۋ يۇي، ماڭا بىرنى، قانچىنى ياسىدىڭ بۇنىڭدىن؟ — كۆپچىلىك ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئون تال.

— بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ، — ئەڭ ياخشىسى بىر كىشىگە بىردىن توغرا كەلسۇن، بېرىشكە بولمايدىغان كىشىلەرمۇ بارمىدۇيا؟

— ھەممەيلەنگە بېرىشكە بولىدۇغۇ، بىراق ماتېرىيال ئاز، ۋاقىت قىس، ياساپ چىقىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ.

— ھەممىمىز ياسايمىز! شىياۋ يۇي، ماتېرىيالىڭنى قويماي ئېلىپ چىق، ۋاقىت ئۇلگۇرىدۇ!

دىڭ چاڭفا سۆزلەۋېتىپ پولغا قول سۇندى - دە، قېقىقلىق مىختىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۇلۇمسىرەش بىلەن دېدى:

— يۇلتۇز ئويىدىغان پىچاقنى مەن تەييارلاي.

چوڭ تاغىمۇ كۇلۇپ تاشلىدى. كېيىن ئۇ بىرقانچەيلەن بىلەن باش قوشۇپ، بىرپەس مەسلىھەتلىشىۋالدى. چۈشتىن كېيىنكى شامالداش ۋاقتىدا يەتتىنچى كامېردىكىلەرنىڭ يېڭى يىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ قىلغان پىلانى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن ھەممە كامېردىكىلەر خەۋەر تاپتى.

زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەرمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا يېتىپ كەلدى.

يېڭى يىل كۈنى، تاڭ يورۇماستا ئاياللار كامېرىنىڭ باشلامچىلىقى ۋە ھەممە كامېردىكىلەرنىڭ بىردەك ماسلىشىشى بىلەن چاقماق تېزلىكىدىكى ۋاقىت ئىچىدىلا شاۋقۇنلۇق ناخشا ساداسى ياڭراپ كەتتى. كىشىلەر پۈتۈن ئىشق - زوقى بىلەن ناخشىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنى ياڭرىتىۋەتتى. يېڭى يىلغا بېغىشلانغان زور كۆڭۈل ئېچىش



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com